# مېنىڭ كۆرەشلىرىم

## ئادولف گىتلېر



ماتىريال مەنبەسى:سەلكىن مۇنبىرى

رەتلەپ كىتابقائىشلىگۈچى:پەيكار

bbs.salkin.cn/

# ئادولف گىتلېر : كۆرەشلىرىم

## يەھۇدىيلار

يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر سىيونىزىمگە قاتتىق چوقۇناتتى. قالغان كۆپ سانلىق يەھۇدىيلار بولسا بۇ پىرىنسىپنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەردەك كۆرۈنەتتى.
ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭمۇ نىقاپلىرى يىرتىلىپ، ئوتتۇرلۇقتا پۇتۇنلەي باشقا قىياپەتتىكى بىر يەھۇدىي پەيدا بولاتتى. ئۇلار بىزگە غايىلىرى ئۈچۈن ياساپ چىققان بىر قاتار قىلچە ئاساسى يوق سەۋەپلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىشقان ھالدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.
ئەمەلىيەتتە بولسا، لىبىرال يەھۇدىيلار سىياسىي پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان يەھۇدىيلارنى بىز بىلەن بىر ئىرقتا تەۋە كىشىلەر ئەمەس دەپ رەت قىلىپ باققىنىمۇ يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر يەھۇدىي بولغانلىقلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشۈپ، ئۇلاردىن نومۇس قىلىپ كېتىشەتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيلىرى ئۇلارنى بىر يەرگە تويلىنىشلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ توسالغۇلۇق پەيدا قىلمايتتى. ئەنە شۇ تۆردىكى لىبىرال يەھۇدىيلار بىلەن سىيونىست يەھۇدىيلار ئوتتۇرسىدىكى بۇ خىل سۈنئىي زىدىيەتلەر مېنىڭدە قاتتىق يىرگىنىشنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.
ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆرۈنۈشتىكى زىددىيەتلىرى ھېچقانداق بىر ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئۈچىغا چىققان يالغانچىلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تۆردىكى ھىلىگەرلىكلىرى يەھۇدىي ئىرقىنىڭ زۇلۇم ئاستىدا قالدۇق، بىز ئەسلىدە ئاق نىيەتلىك كىشىلەرمىز دىيىشلىرىگە پەقەتلا ماس كەلمەيتتى.
ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بۇ ئىرقنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىك بولۇۋېلىشى پەۋقۇلئاددە ياسالمىلىق ئەھۋالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ھارامتاماقلارنىڭ سۇدىن نەقەدەر يىراققا قاچىدىغان مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى يۈزىگە قاراپلا بىلۋالالايسىز، ھەتتا كۆپىنچە ھاللاردا كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ يېنىغا يېقىن كەلسىڭىزلا شۇ ھامان ھىس قىلالايسىز.
ئاندىن كېيىن بۇ يەكتەك كىيىۋېلىشقان ھارامتاماقلارنىڭ سېسىق پۇراقلىرىنى ھىس قىلسامىلا كۆڭلۈم ئاينىپ

ئاشقازانلىرىم تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگىدەك ئۈستى-بېشى كىر بولۇپ، ئەدەپ-ئەخلاق دىگەندىن پەقەتلا خەۋىرى يوق نەرسىلەر ئىدى. بۇ دىگەنلىرىمدىن بەلكى دىققىتىڭىزنى تارتقىدەك بىر نەرسە ھىس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما بۇ مەخلۇقلارنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىنىڭ تىگىدە ئۇ تاللانغان ئىرقنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن بەكلا يىتەرسىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىپ ئۇلاردىن قاتتىق يىرگىنىپ كىتەتتىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ يەھۇدىيلەرنىڭ بەزى ساھەلەر بويىچە ئوينىغان پائالىيەتلىرىدىكى ھەرىكەتلىنىش شەكىللىرى مېنىڭ دىققىتىمنى بەكرەك ئۆزىگە جەلىپ قىلىشقا باشلىدى.مەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشلىرىدىكى سىرلىرىنى بىردىن-بىردىن پەرق قىلىشقا باشلىدىم.

جەمىيەتتە ھەر قانداق شەكىل ئالغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەرقانداق بىر ناچار ئىشلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، چوقۇم بۇ ئىشنىڭ ئىچىدىن بىر يەھۇدىي چىقاتتى. بۇ تۈردىكى يارىغا نەشتەر سانچىلا-سانچىلماس، سېسىپ پۇراپ كەتكەن بەدەنگە چاپلىشىپ قالغان سازاڭدەك كىچىلىك يۇرۇغلۇقتىن كۆزلىرى قاماشقان بىر جۈپ يەھۇدىي ئوتتۇرغا چىقاتتى.

يەھۇدىيلارنىڭ ماتبۇئات ساھەسىدە، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە، ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋە كىنو-تىياتىرچىلىق ساھەلىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ چىققىنىمدىن كىيىن، يەھۇدىيچىلىقنى رەت قىلىشقا بولىدىغان بىرمۇنچە پاكىتلارنى توپلاپ چىققان ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ، چىرايلىق گەپلەر، قىزىقارلىق ماقالىلار ماڭا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەس بولۇپ قالدى. ھەرقانداق بىر كىنو يايى تىياتىر ئېلانلىرىغا قاراپ، بۇلارنىڭ غوجايىنلىرىنىڭ كىملىكىنى ياكى كىنو سىنارىيىسىنى يازغان ئىسىملارنى كۆزىتىش ئارقىلىقلا بۇنىڭ تېگىدىكى پاسكىنىچىلىقلارنى كۆرىۋالالايتتىم. بۇلارنى تەتقىق قىلغانسىرى ئادەمنى ئىختىيارسىزلا يەھۇدىيلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان بىرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى.

بۇ تۈردىكى ئەخلاقسىز پائالىيەتلەر ۋېيىنادا خەلقىمىزنى زەھەرلەپ كېلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئەخلاق ۋاباسى بولۇپ، بۇ تۈردىكى ۋابا قېدىمقى ۋاقىتلاردىكى ۋابالاردىنمۇ ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىدەك كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ تۈردىكى ۋابا مىكروپلىرى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلىپ تۆت ئەتراپقا تارقىتىلماقتا ئىدى.

بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلارنىڭ بىلىم ۋە ئاڭ-پىكىر سەۋىيىسى قانچىكى تۆۋەن بولسا، ھەتتا يوقنىڭ ھىساۋىدا بولغىنىدا، بۇنداقلارنىڭ ئەسەر چىقىرىش قابىلىيىتىمۇ شۇنچە يوقۇرى بولاتتى. بۇ

پەسكەش كىشىلەر خۇددى بىر پۈركىگۈچ ماشىنىسىغا ئوخشاش پۈتۈن پاسكىنىلىقلارنى ئىنسانىيەتنىڭ يۈزىگە توختىماي پۈركۈپ تۇراتتى. بۇ تۈردىكى پەسكەشلەرنىڭ سانىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكىمۇ بولمايدۇ.

تەڭرىنىڭ لۈتپى بولغان بىر گيوتي ئورنىغا، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئورنىغا بۇ چالا ساۋاتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر پەرەز قىلىپ بېقىڭ. بۇ پەسكەشلەر خۇددى بىر تاياقچە باكتېرىيىگە ئوخشاش ئەڭ ساپ قەلبلەرنى زەھەرلەشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمايتتى.

يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق قورقۇنۇشلۇق رولنى ئوينىشى ئۈچۈن تەڭرى تەرىپىدىن مەخسۇس يارىتىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ تۈكلىرى ئۆرۈپىيىپ كېتىدۇ. ... ئەمما بىز بۇ مەسىلىدە ھەرگىزمۇ ئالدىنىپ قالماسلىقىمىز، ھەرگىزمۇ خام خىيال قىلماسلىقىمىز شەرت. ئەجەبا، مەخسۇس تاللانغان ئىرق دېيىلگەنلەر ئەنە شۇنداق چىرىگەن لەشلەرمىدۇ؟
شۇنىڭدىن كېيىن ئەخلاقسىز ۋە پەسكەش نەرسىلەرنى سەنئەت ئەسىرى دەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشقان ئاپتورلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم. بۇ تەكشۈرۈشۈمنىڭ نەتىجىسىدە يەھۇدىيلار ھەققىدىكى بۇرۇنقى بۇرۇنقى ئويلىغانلىرىمنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم پەرق قىلدىم.
ھېسسىيات ئادەمنى ھەرقانچە قايمۇقتۇرىمەن دېسىمۇ ئەقلىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان نەتىجىلەر تېخىمۇ توغرا بولۇپ چىقاتتى.
بۇ پاكىتنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايتتى: گۈزەل سەنئەتلەردىكى پەسكەش ئەسەرلەر، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پاسكىنىچىلىقلار، كىنو-تىياتىرچىلىقتا رولغا ئېلىنغان ئاخماقانىلىقلارنىڭ يۈزدە توقسەن قىسمى ئومۇمىي نوپۇسىمىزنىڭ ئارانلا يۈزدە بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ئىرقنىڭ قولىدىن چىقىۋاتقان نەرسىلەر ئىدى. بۇ پاكىتنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلالمايمىز.
مەن بىر زامانلاردا دۇنيانى چۆگۈلۈتۈپ يۈرگەن ئورۇنلار دەپ تونۇۋالغان ئەڭ چوڭ گېزىتلارنىمۇ خۇددى يوقۇرقىدەك ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلى تەتقىق قىلىپ باقتىم. قارماقنى قانچىكى چوڭقۇرغا تاشلىسام، نەشتىرىمنى يارىغا قانچىكى ئىرەن پاتۇرسام، بۇرۇن مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ كەلگەن نەرسىلەر قىممىتىنى يوقۇتۇپ كۆز ئالدىمدا يوقۇلۇپ كىتەتتى.
بۇ مەتبۇئاتلارنىڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسلۇبى ھەقىقەتەن تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئۇسلۇپ ئىدى. مىللىتىگە ئادەتتىكى نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدىغان ئاددى كۆز قاراشلارنىمۇ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىشاتتى.
بۇ يالغانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ماقالىلىرىدىكى تەرەپسىزلىكى ماڭا نىسبەتەن راس شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ

بىلىنگىنىگە قارىماي، ئەڭ چوڭ ئۈيدۈرما بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ مەتبۇئاتلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسىلا يەھۇدىيلار ئىدى.

بۇرۇن پەقەتلا دىققىتىمنى تارتمىغان مىڭلىغان ئەھمىيەتسىز نوقتىلار بۇگۈنكى كۈندە پۈتۈن دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ-بىر تەھلىل قىلىپ چىقىشقا توغرا كەلگەن ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان نوقتىلارمۇ قايتىدىن رۇشەن كۆرۈنۈشكە، بۇ نوقتىلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىنى تونۇشقا باشلىغان ئىدىم.

ئەمدىلىكتە بۇ مەتبۇئاتلارنىڭ لىبىرال كۆز قاراشلىرى بىلەن چۈشەنچىلىرىنى پۈتۈنلەي باشقا بىر شەكىلدە چۈشىنىشكە ۋە ئۆلچەشكە باشلىدىم. ئۆزلىرىگە قارشى چىققان ماقالىلارغا جاۋاپ بەرگەن ۋاقىتدا ئىپادىلەيدىغان سالاپەتلىكى ياكى پىكىرلىرىگە زىت كېلىدىغان گېزىتلارغا قارىتا ئۆلۈكتەك جىم بولىۋېلىشلىرىدەك ھىلىگەرلىكلىرى ئەندىلىكتە رۇشەن كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئوينالغان ئويۇنلىرى ئىدى.

كىنو-تىياتىر ئوبزورچىلىرىنىڭ كۆككە ئۇچۇرۇپ مەدھىلەشلىرى پەقەتلا يەھۇدىي ئاپتورلارغىلا مەنسۇپ ئىدى. ھەر دائىم نېمىس ئاپتورلار تەنقىتلىنەتتى.

ئىككىنچى گۇيللاۋمغا رەزىللەرچە پاتۇرۇلغان بىگىز شۇنداق كىلىشتۇرۇپ تەكرارلانىدىكى، بۇ گېزىتنىڭ ماقالىلىرىنى مەلۇم بىر مەركەزدە تەييارلىشىپ ئاممىغا ئېلان قىلغانلىقىغا دەرھال ئىشەنگەن ئىدىم. فرانسۇز مەدەنىيىتى ئۈچۈن يېزىلغان ماقالىلارمۇ ئەنە شۇ شەكىلدە تەييارلانغان ماقالىلار ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ تىلى ماگا يات بىر تىل بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى.

يېزىلغان ماقالىلار نېمىس مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە شۇنچىلىك زىت كىلەتتىكى، بۇ ماقالىلار چوقۇم مەخسۇس شۇنداق يېزىلغان بولىشى چوقۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ شەكىلدە پائالىيەت قىلىشلىرى كىم ئۈچۈن ئىدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىلا پەۋقۇلئاددە توغرا كېلىپ قالغانلىق بولالمايتتى.

مەن باشقىلاتىن نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم.بىر مۇنچە ۋەقەلەرنى بىرمۇ-بىر تەھلىل قىلىپ چىققىنىمدىن كېيىن، پىكىرلىرىم يەنە قايتىدىن جايىغا كېلىشكە باشلىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئادەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەكلا قورقۇنۇشلۇق نەرسىلەر ئىدى. بۇ جەھەتتە نامراتلار مەھەللىرى ئىنتايىن مول تۇرمۇش مەكتىۋى بولۇپ بەرگەن ئىدى. ئەمما بۇ جەرياندا ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدىم.

يەھۇدىيلارنىڭ پاھىشىلىك بىلەن، بولۇپمۇ ئاق تەنلىك ئاياللار سودىسىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى پەرق قىلدىم. بۇ تۇردىكى چىرىكلىكلەر، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پورت شەھەرلىرىنى

ھساپقا ئالمغاندا غەربىي ياۋرۇپا شەھەرلىرى ئىچىدىكى ۋېيىنادا بەكلا ئاسان تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.
ئاخشاملىرى لېيپولدستادنىڭ جىمجىت تار كوچىلىرىدا قەدەمدە بىر ئىنسانىيەتنىڭ يۈزىنى قارايتىدىغان سەھنىلەرنى كۆرۈشكە بولاتتى. بۇ ئەھۋال، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە شەرقىي ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان نېمىس ئەسكەرلىرىگە ئۇچۇرىغاندەك نېمىس مىللىتىنىڭ كۆپ قىسىمىغا تېخى مەلۇم بولمىغان ئىدى.
ۋېيىنانىڭ پاتقاقلىق كوچىلىرىدا ئەخلاقى پەزىلەتلەر ئېغىر ھاقارەت قىلىنىپ، قارشى تۇرۇشقا تىگىشلىك بولىغان بۇ كومدىيىنى ئۇتتۇغلۇق ھالدا ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئۇ ئەخلاقسىزلارچە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن تېزگىنلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ بەدەنلىرىم تىترەپ، ئاخىرى ھېچ نىمىنى سەزمەس بولۇپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى ئاشكارىلاشتىن قورقمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدىم.
بۇندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ بۇ رەزىل ئەپتى بەشرىسىنى پاش قىلىش ئىشىنى ئۆزەمگە ۋەزىپە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدىم.مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا، گۈزەل سەنئەتنىڭ ھەرخىل پائالىيەت تارماقلىرىدا يەھۇدىيلارنى پەرق قىلىش يوللىرىنى تاپقاندىن كېيىن، يەھۇدىي دەيدىغان بۇ پەسكەش مەخلۇق بۇ يەردە ھەرگىز بولماسلىقى كىرەك دەپ قاراشقا بولىدىغان بىر يەردە ئۇلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىمنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن: ئۇلار سوتسيال دېموكراتچىلارغا يىتەكچىلىك قىلماقتا ئىكەن!
يەھۇدىيلارنىڭ سوتسيال دېموكراتىيىنىڭ مەسئولى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، سوتسيال دېموكراتىيە ھەققىدىكى بۇرۇنقى كۆز قاراشلىرىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتتىم. شۇنداق قىلىپ، ھسسىياتىم بىلەن ئەقلىم ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن داۋام قىلغان كۈرەشمۇ ئاخىرلاشتى.
ئىشچى دوستلىرىم بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ تۇرىدىغان كۈنلىرىمدە، ئۇلار ھەر قانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە بەكلا چاپسان مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقىنى پەرق قىلدىم. ئۇلار بىرەر ئىككى كۈندە بىر، ھەتتا كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ھەر سائەتتە دېگىدەك كۆزقاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقى مېنى بەكلا ھەيران قالدۇرغان ئىدى.ئىشچىلار بىلەن ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش جەريانىدا مەيدانى مۇستەھكەم، خېلىلا توغرا پىكىرلىك ئىشچى ئىكەن دەپ تونىغانلىرىممۇ بىرەر پارچە گېزىتنى كۆرگەن ھامان يوقۇرقىدەك توغرا پىكىرلىرىنى پاك-پاكىزە ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان ئىدىم.
ئۇلارنىڭ بۇنداق مىجەزى مېنى بەكلا ئۈمىتسىزلەندۈرىۋەتتى. مەن بۇ ئىشچى دوستلىرىمغا نەچچە سائەت چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ئەندى ئۇلارنى قايىل قىلالىدىم، ئۇلار بىلەن ئورتاق كۆزقاراش تىكلىيەلىدىم، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن چىرىك ئىدىيەلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ توغرا يولغا قايتىشلىرىغا ياردەم بىرەلىدىم دەپ خوشال بولۇپ يۈرەتتىم.
ئەمما ئەتىسى ئۇلار بىلەن ئۇچىراشقانلىقىمدا خۇددى ئۇلار بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلەشمىگەنىمدەك، ئۇلارنىڭ

بۇرۇنقى خاتا قاراشلىرىنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن بىر كۈن ئاۋال شۇنچە تەپسىلى چۈشەنچە بەرگەنلىرىمنى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ دىگەنلىرىمگە قايىل بولۇپ پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىۋالغانلىقلىرىنى پاك-پاكىزە ئۇنتۇپ كېتىپ ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. مېنىڭ تىرىشچانلىقلىرىم قىلچە تەسىر قىلمىغان بولۇپ چىقاتتى. ئۇلار كاللىسىغا كىرىۋالغان قىممىتى يوق، ئەھمىيەتسىز كۆز قاراشلاردىن خۇددى ئۆلگىچە ئايرىلالمايدىغاندەك قىياپەتتە ئالدىمغا كېلىپ گۆشىيىپ تۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كىتەتتىم.

بۇ ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ خار بىر تەغدىرگە قالغانلىقلىرىدىن بەكلا نارازى ئىدى.ئۇلار ئېغىر زەرىبلەرنى بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇھتقا نارازى ئىدى. ئۇلار، بۇنداق قىيىن كۈنلەرگە قېلىشقانلىقلىرىنى شۇ كاپىتالىستلاردىن، غوجايىنلاردىن كۆرۈپ، ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلاتتى؛ ئىشچىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالىغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەي كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىمۇ ھاقارەتلىشەتتى، ئۇلاردىنمۇ نەپرەتلىنەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ ھىسسىياتلىرى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىگە قارشى نامايىش قىلىپ كوچىلاردا يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئاشكارە ئىپادىلىنەتتى. ئەمما مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيدىغىنى، بۇ ئىشچىلار نىمىشكە ئۆز مىللىتىگىمۇ شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىشىدۇ؟ بۇ ئىشچىلار مىللىتىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بارلىقىغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق نەرسىنى قارىلاشماقتا، تارىخىمىزغا قارا چاپلاشماقتا، ئىرقىمىزنىڭ داڭلىق كىشىلىرىگە بوھتان چاپلاشماقتا.

ئۆز قان قېرىنداشلىرىغا، ئۆز ماكانىغا، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىگە قاراتقان بۇ يىرگىنىشلىك دۈشمەنلىكلىرى، چىداپ تۇرغىلى بولىدىغان بىر ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق نانكورلۇك ھەرىكىتى تەبئىي قانۇنىيەتلەرگە زىت بىر ھەرىكەت ھىساپلىناتتى. گەرچە قايمۇققان بۇ كىشىلەرنى تەربىيلەپ توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بولار، ئەمما يوقۇردا دېگىنىمدەك، ئۇلار بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بەك ئۆزىراپ كەتسە نەچچە ھەپتىدىن كېيىن يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىگە يېنىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ.

## سوتسيال دېموكراتىك مەتبۇئاتلار

سوتسيال دېموكراتىك مەتبۇئاتلارنىمۇ يەھۇدىيلار قولىغا كىرگۈزۈپ بولغانلىقىنى كۆپ كېچىكمەيلا تونۇپ قالدىم. بۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. ھەتتا قالغان گېزىتلاردىكى ئەھۋالمۇ بۇ تۈردىكى گېزىتلاردىن كۆپ پەر قىلىپ كەتمەيتتى.

شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدە ئالغان تەربىيلىرىم نەتىجىسىدە يېتىلدۈرگەن مىللەتچىلىك ئېڭىمغا ماس كېلىدىغان ھەققىي مىللەتچى گېزىتخانىلاردا بىرمۇ يەھۇدىي ئاپتورنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقى مېنى بەكلا ھەيران قالدۇرغان ئىدى. بۇ ھادىسىلەرنى پەرق قىلغىنىمدىن كېيىن، ئۆزەمنى زورلاپ بولسىمۇ ماركسىزىملىق ئىدىيىگە ئىگە گېزىتلارنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىشقا كىرىشتىم.

بۇ تۆردىكى گېزىتلار ماڭا شۇنداق ئۆچمەنلىك ھىسسىياتلىرىنى ئاتا قىلىشتىكى، ئاخىرىدا بۇ تۆردىكى خائىنلىق ۋە پەسكەشلىك بىلەن تولغان دەستۇرلارنى بارلىقىقا كەلتۈرگەن كىشىلەرنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇپ چىقىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئىشىغا كىرىشتىم.بۇ مەلئۇنلارنىڭ ھەممىسىلا ۋىجدانسىز يەھۇدىلار بولۇپ چىقتى. قولىغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان بارلىق سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ كىتاپچىلىرىنى بىر باشتىن ئوقۇپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا يەھۇدىلار ئاپتورلۇق قىلغانلىقىنى بىلدىم. ھەممە ئىشلارغا دېگىدەك مەسئۇل بولغان كىشىلەرنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىقتىم.ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى پەرق قىلدىم.

ئالىي قۇرۇلتاينىڭ بەزى خەلق ۋەكىللىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، پارتىيە سېكرتارلىرى ياكى كوچا ھەرىكەتچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى ئاساسەن ئەنە شۇ تاللانغان ئىرىقا مەنسۇپ كىشىلەر ئىكەن. ئاۋستېرلىتز، داۋىد، ئادلېر، ئېللېنبوگېن، ... ۋە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن مىڭەمگە ئورۇنلاشتۇرىۋالدىم.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمغا زىت كېلىدىغان كىشىلەرگە تەۋە بولغان پارتىيىلەرنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرى يات بىر مىللەتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. چۈنكى ھەر قانداق بىر يەھۇدى ھەرگىزمۇ نېمىس ھىساپلانمايتتى. بۇنداق بولىشىنى ئېنىق بىلگىنىمدىن كېيىن، ئۆزەمنى خېلىلا ئەركىن ھىس قىلىشقا باشلىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىرقىمىزنى بۇلغاپ يۈرگەن شەيتانلارنى تونىۋالغان ئىدىم.

ۋىيېنادا تۇرغان بۇ بىر يىل جەريانىدا شۇنداق بىر قاراشقا كەلگەن ئىدىم: خاتا كۆز قاراشلار تۆپەيلىدىن ئىنتايىن جاھىل مىجەزلىك بولۇپ قالغان ھەرقانداق بىر ئىشچىمۇ توغرا يېتەكلەنسە ۋە توغرا چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىنسا توغرا يولغا كىلەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىنى قېينىلىپ بولسىمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولغان ئىدىم.

مېنىڭ بۇ قاراشلىرىم ئۆزەمنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىم جەريانىدا مۇھىم بىر قورال ھالىغا كەلگەن ئىدى. نەتىجىدە ھەر دائىم غەلبە قازانغان مەن بولۇپ قالاتتىم. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەۋىرچانلىق بىلەن زور پىداكارلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا خەلق ئاممىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشقا بولاتتى.

شۇنىڭغا قارىماي، بىر يەھۇدىينى ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ۋە ئېتىقاتىدىن ياندۇرۇشنى زادىلا ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا يەھۇدىلارنى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق ئېتىقاتلىرىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقالايمەن دەپ ئاخماقانىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئىدىم. مەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىنتايىن تار مۇھىتىمدا ئۇلارنى قايىل قىلىمەن، ئۆزگەرتىمەن دەپ ئاغزىم قۇرۇپ كەتكىچە كاپشىپ سۆزلەپ كىتەتتىم. ئۇلارغا

ماركسىزمنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك بىر ئىدىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ يۈرگەن ئىدىم. ئەمما ھەر دائىم دەل بۇ ئارزۇيۇمنىڭ تەتۈرسىچە نەتىجىگە ئېرىشەتتىم.

چۈنكى، سوتسىيال دېموكراتچىلارنىڭ مەيلى نەزەرىيىۋىي جەھەتتىكى، مەيلى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىكى ئاشكارە قولغا كەلتۈرۈشكەن بۇ نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى، مېنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ قىلچىمۇ رولى بولمىغان ئىدى. ئەمما بۇ مەخلۇقلار بىلەن قانچىكى كۆپ مۇنازىرىلەشكەن بولسام، ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ئۇسۇللىرىنى شۇنچە كۆپ بىلەلەيتتىم.

ئۇلار، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ ئاخماقلىقلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۇلار مۇنازىرە قىلىش جەريانىدا گەپتە يېڭىلىپ قالغانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا ئامالىنى تاپالمىغان ۋاقىتلىرىدا، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ھېچ نىمىنى چۈشەنمەيدىغان دۆتلەردەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قىلچە مەنىسى بولمىغان گەپلەر بىلەن قۇتۇلماقچى بولىشاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ قۇرۇق گەپلىرىگە رەددىيە بەرمىسەڭ، بۇنىڭدىن باشقا تېمىلارنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ چالۋاقاشقا باشلايتتى.

ئەگەر ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ رەددىيە بېرىشكە باشلىساڭ، بىر ئامالىلارنى قىلىپ سەندىن يىراقلىشىپ، ھەرقانداق بىر سوئالىڭغا جاۋاپ بەرمەي قېچىپ قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئۆزلىرىنى بىر قۇتقازغۇچى قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرۈشكەن بۇ مەلئۇنلاردىن بىرەرسىنى تۇتىۋالساڭ، خۇددى قولۇڭغا بىرەر مىچىلداپ تۇرغان مايلىق بىرنىمە چۈشكەندەك كۆڭلۈڭنى ئاينىتىۋەتەتتى.

ئاندىن بۇ ماددا بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ غايىپ بولاتتى. يەنە بىر قارىساڭ باشقا بىر يەرگە بېرىپ يەنە قايتىدىن بىرىكىپ بۇرۇنقى قىياپىتىگە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرىسەن.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر-ئىككىسىنى گەپ قايتۇرالمىغىدەك سۆزلەر بىلەن جىمىتىپ قويساڭ، ساڭا خۇددى سېنىڭ دىگەنلىرىڭگە قايىل بولۇشقا باشلاۋاتقاندەك بىر قىياپەتكە كىرىپ ئاغزىڭغا قاراپ قالىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىرەر كۈنمۇ ئۆتمەي سېنى يەنە ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ: يەھۇدىي دىگەن بۇ مەخلۇق، بىر سوتكا بۇرۇن بولغان ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ھېچنىمە بولمىغاندەك يەنە شۇ بۇرۇنقى گېپىنى يوغىلىتىپ تۇرىۋالىدۇ.

ئەگەر سەن بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ تۇردىكى ئۇنتۇتقاقلىقىغا رەنجىپ تونۇگۈنكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىشكە ئۇرۇنساڭ، ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە تونۇگۈن بۇنداق بىر سۆھبەت قىلىشقانلىقىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى كۈنىسىدىكى سۆھبەتلەرنى ئەسلىيەلمىدىم دىسىلا مەيلىغۇ، تونۇگۈنكى سۆھبەتتە ئۆزىنىڭ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايمەن دەپ جىېنىڭنى چىقىرىۋېتىدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرسەم نىمە قىلارىمنى بىلمەي ھاڭۋېقىپلا قالاتتىم. بۇلارغا يەنە نىمە دېيەلەيمەن؟ ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىك سۆزلىرىگە ھەيران بولامدىم ياكى يالغانچىلىقتىكى ماھارىتىگە ھەيران قالامدىم؟ ئاخىرىدا بۇ يەھۇدىي دىگەنلەرگە ئۆچلا بولۇپ قالدىم.

بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئۇلار بىلەن بولغان بۇ تالاش-تارتىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى. ھېچ بولمىغاندا سوتسيال دېموكراتچىلارنىڭ تەشۋىقاتچى يېتەكچىلىرىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئېنىق تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنتىم. بۇ تەرىپى مىللىتىم ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىلىقى شەيتانىنىمۇ ئازغاشتۇرغىدەك كۆچكە ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئالدامچىلىقلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىشچىلىرىمىزنىڭ ئىپادىلىرىدىن قانداقمۇ رەنجىيەلەيمىز؟ شەيتانغىمۇ ئايىقىنى تەتۈر كەيگۈزەلىگەن بۇ ئىرقنىڭ ھىلىگەرلىكلىرىگە رەددىيە بېرىمەن دەپ مەنمۇ نىمە جاپالارنى تارتمىدىم. ھېلى دىگىنىدىن ھېلى يېنىۋالىدىغان بۇنداق كىشىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ھەققەتەنمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەھۇدىي دىگەنلەرنى قانچىكى ئېنىق تونىيالىغان بولسام، ئىشچىلىرىمىزنىمۇ شۇنچە كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم.

مېنىڭچە، گۇناھكار بولغانلار ھەرگىزمۇ يالغۇز ئىشچىلارلا ئەمەس. ئەسلى جىنايەتچىلەر خەلقىمىزنىڭ تەغدىرى بىلەن ئويناۋاتقانلار، ئىشچىلىرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ تەغدىرىنى، مىللىتىمىزنىڭ تەدىرىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ئەخلاقسىز يەھۇدىيلارنى ئېنىق ئادالەت قانۇنى بويىچە جازاغا تارتىش ئىشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشنى بىھۇدە ئۇرۇنۇش دەپ قارايدىغان كىشىلەردۇر.

كۆندىلىك تەكرار ئېلىپ بارغان كۆزىتىشلىرىم مېنى ماركسىزمنىڭ مەنبەلىرىنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ بېقىش يولىغا باشلىغان ئىدى. ئەندىلىكتە ماركسىزمنىڭ خەلق ئاممىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يېپىدىن يىگىنىسىغىچە ئوچۇق كۆرمەكتە ئىدىم.ئەندى مەن دىققىتىمنى بۇ ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا مەركەزلەشتۈرگەن ئىدىم. بۇ ئىدىيىنىڭ پەيدا قىلىشى ئېھتىمال بولغان ئاقىۋەتلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىمنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئەجەبا بۇ ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىۋاتقانلار پىكىرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى راستىنلا بىلىدىغانمىدۇ؟ ياكى بولمىسا بىلمەي تۇرۇپلا بۇنداق بىر خاتا يولغا كىرىپ قالغان بولغىيمىدى؟ ئەندىكى مەسىلە، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشتا قالغان ئىدى.

مېنىڭچە بۇنداق ئېھتىماللىقنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا يوق دېيىشكە بولمايتتى. ئىككىنچى ئېھتىماللىق بويىچە پاجىئەلىك ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھاكىمە قابىلىيىتى بار بولغان ھەر قانداق ئادەم ھەرىكەتكە

ئاتلىنىشى شەرت ئىدى.
ئەمما بىرىنچى خىلدىكى ئىهتىماللىق بويىچە خەلقنى قاراڭغۇ پاتقاقلىق ئىچىگە سۆرەپ بارىدىغان بۇ ئاپەتكە سەۋەپچى بولغان ئاپتورلارنىڭ ئەسلىدە ھەقىقى شەيتان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى خەلققە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش لازىم.
چۈنكى، مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىۋىتىدىغان، دۇنيانى ھاياتلىقتىن مەھرۇم چۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىدىغان بۇنداق بىر يولغا باشلايدىغان بىر ئورگاننى قۇرۇپ چىقىشنى نىيەت قىلىش ۋە بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەپسىلى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئادەم ئەقلىگە ئەمەس، بەلكى يەتتە باشلىق بىر يالماۋۇزنىڭ زىھنىگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.ئىش شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىدىيىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش يولىلا قالىدۇ. بۇنداق بىر كۈرەش، دۈشمەن ھەرقانداق بىر قۇرالدىن پايدىلانغان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئادەم ئەقلى يېتىدىغان روھىي، جىسمانىي جەھەتلەردىكى ھەرقانداق قۇراللاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق قانات يايدۇرىلىشى لازىم ئىدى. شۇنداق، ئۇلارغا قارشى قوللىنىدىغان قۇرالنى تاللاپ ئولتۇرماي پۈتۈن ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى يوقۇتۇش ئۈچۈن بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىش لازىم ئىدى.
مەن ماركسىزم ھەرىكىتىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن بۇ پائالىيەتنى لايىھىلىگەنلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم.
يەھۇدىي مەسىلىسى ھەققىدىكى مەلۇماتىمغا تايىنىپ مەقسىدىمگە پەرەز قىلغاندىنمۇ تېز بىر ۋاقىت ئىچىدە يەتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرىمنى ئۆنچىلىك مۇكەممەل دەپ كىتىشكىمۇ بولمايتتى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي يەنىلا يەھۇدىيلار ئۆزلىرى يەتمەكچى بولغان غايىلىرىنى قانداق بىر شەكىلدە بايان قىلىشقانلىقىنى تېپىپ چىقالىدىم. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى، ھەر دائىمقىدەك ئۆز كۆز قاراشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىپ كەلگەن بىر ئۇسلۇپتىن باشقىچە بولالمايتتى.
يەھۇدىينىڭ ئەسلى غەرىزىنى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىن ھەرگىزمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بۇ يەھۇدىيلار، ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىرىنى يازغان نەرسىلىرىنىڭ قۇرلىرى ئىچىگە يوشۇرىۋېتىشكەن ئىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ روھىمدا زور بىر ئۆزگىرىش بارلىققا كەلمەكتە ئىدى.
بۇرۇن مەن ئەقلى ـ كۈچى يېتىشمەيۋاتقان بىر چوڭ شەھەر دۇنيا قارىشىغا ئىگە بىرسى بولغان بولسام، ئەندىلىكتە مۇستەھكەم ئىرادىلىك بىر يەھۇدىي دۈشمىنى بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇ خەلق ئۈچۈن ھىسداشلىق قىلىش تۇيغىسى ۋىجدانىمنى ئازاپلىماقتا ئىدى. يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيان تەرغىپ قىلىپ كەلگەن ئاررۇزۇلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلدىم.

غايىلىرىنى ئەسىرلەر بويى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ھەيران قالدۇرغۇدەك غەيرەتكە ئىگە بۇ كىچىك قەۋمنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىلىشى ئۈچۈن تىلەكداشلىق قىلىپ كەلگەنلىمىزنى قاتتىق ئەنسىرەش بىلەن ئويلاشقا باشلىدىم: ھەر دائىم بىر پارچە تۇپراقنى خىيال قىلىپ ياشاپ كەلگەن بۇ خەلققە، دۇنيا مۇكاپاتى سۈپىتىدە راستىنلا بىر ۋەتەن تەغدىم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەنمىدۇ؟ بىزنىڭ ئويلاپ يۈرگەن ئۇلارنىڭ شۇ يەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەققى راستىنلا بىرەر ئىلاھىي ئاساسقا ئىگە بىر ھەقمىدۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى بىز ئۆزىمىز كاللىمىزدا پەرەز قىلىپ ياساپ چىقىرىۋالغانمىدۇقيا؟

ماركسىزمنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىش ھەمدە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش جەريانىمدا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۆزلىكىدىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى: ماركسىزم بىلەن يەھۇدىي پائالىيەتلىرى تەبىئەت ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنىلا تۈپتىن رەت قىلماقتا ئىدى.

بۇ ئېقىم، كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ چەكسىز ئىقتىدارىنىڭ ئورنىغا رەقەملەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قويۇشماقتا ئىدى. ماركسىزم، ئادەمنىڭ شەخسى قىممىتىنى رەت قىلىپ، ئىرقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەتنى ھايات ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن بۇرۇندىن بەلگىلەنگەن ئىرسى شەرتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرماقتا ئىدى. ئەگەر بۇنداق بىر نەزەرىيەنى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قىلىپلا ئالىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت بارلىققا كەلتۈرگەن بارلىق سىستېمىلار گۇمران بولىشى شەرت ئىدى.

بۇنداق بىر قانۇن بويىچە تۈزۈلىدىغان دۇنيا، بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا يىتەكلەپ بېرىپ، ئىنسانىيەتنىمۇ يەر يۈزىدىن سىرىپ سۈپۈرىۋەتكەن بولاتتى.

ئەگەر يەھۇدىيلار بۇ ماركسىزم ئەقىدىسىگە تايىنىپ بىرەر غەلىبىگە ئېرىشكىدەك بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزىدىغان بۇ غالىبىيەتنى تەبرىكلەش مۇراسىمى، ئەسلىدە يەر يۈزىدە بىرمۇ جانلىق قالمىغان مىليونلىغان يىل ئاۋالقى قۇپ-قۇرۇق بىر پىلانىتقا ئوخشاش، يەر ئۈستىدە ئىنسانىيەتنىڭ جىنازە مۇراسىمىدىن باشقا مۇراسىم بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلىنغىنىدا، تەبىئەتنىڭ ئىنتىقامىمۇ ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مەن تەڭرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ كىلىۋاتقانلىقىمغا چىن قەلبىمدىن ئىشىنىمەن. چۈنكى، مىللىتىمنى يەھۇدىيلەردىن مۇداپىيە قىلىش دىگەنلىك، خۇدانىڭ ئەسىرىنى قوغداش دىگەنلىتۇر.

ئۈچىنچى باب

## ۋېيپىنادىكى سىياسىي كۆز قاراشلىرىم

بۈگۈن مەن، پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئادەم ئوتتۇز ياشقا بارماي تۇرۇپ سىياسىي سەھنىگە چىقماسلىقى كېرەك ئىكەن دىگەن قاراشتىمەن.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەم بۇ ياشقا كەلگىچە سىياسىي كۆز قاراشلىرى ئۈچۈن بەزى ئاساسلارنىلا تىكلەپ ئالالىغان بولىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە بولۇپ كىتەلىگەن بولىشى ناتايىن. ئادەم بۇ ياشقا كەلگىچە بەلگىلىك بىر سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش، بۇ جەھەتتە خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق ئىقتىدارى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشتىن نېرىغا ئۆتۈپ كىتەلىشى ناتايىن. ئادەم پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزى مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرالايدىغان ئاساسلارنى تىكلەپ، كەسكىن ھۆكۈم قىلالايدىغان مىجەزگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ئادەم ئەنە شۇ باسقۇچقا كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن سىياسىي سەھنىلەرگە ئۆزىنى ئاتسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئەگەر، بىر كىشى سىياسىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا سىياسىي سەھنىگە چىقىشقا ئالدىراپ كەتسە، بۇ جەھەتتە تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن بۇ كىشى ئوتتۇر يولدا ئۆزى ئىشىنىپ كېلىۋاتقان تۈپكى كۆز قاراشلىرىنى پات-پاتلا ئۆزگەرتىشكە ياكى ئىدىيىۋىي ئاساسلىرى خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن بىرەر كۆز قاراشقا چىڭ ئېسىلىۋېلىشقا مەجبور بولىدۇ.

ئەگەر يېتەكچى بولغان بىر كىشى ئۆزىنىڭ تۈپكى كۆز قاراشلىرىنى پات-پاتلا ئۆزگەرتىپ تۇرغىنىدا، ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان تەرەپتارلىرىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ قېلىش بىلەنلا قالماي، پۈتۈن سىياسىي پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى رىقابەتچىلىرى ئالدىدىمۇ نومۇسقا قېلىپ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان سىياسىي ھەرىكىتىنى پالەش ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

ئادەتتە بەكلا كۆپ ئۇچرايدىغان خاتا قارىشىدا چىڭ تۇرىۋېلىش مىجەزى سىياسىي پائالىيەتلەردە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەپ بولىشى مۇمكىن. خاتا ئەقىدىنى ئىدىيىۋىي ئاساس قىلىپ تاللىۋالغان بىرسى كۆيۈنچە ھاللاردا ئۆز ئەقىدىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنچ قىلىپ كىتەلمەيدۇ.

ئۆز ئەقىدىسىگىمۇ تولۇق ئىشەنچ قىلىپ كىتەلمەيدىغان بىر داھى، قانات يايدۇرىۋاتقان ھەرىكىتىدىمۇ ھەردائىم ئەھمىيەتسىز، ئاقىۋىتى مەلۇم بولمىغان، قىممىتى يوق ئىشلارنى تاللاپ پائالىيەت قىلىشقا مەجبور بولىدۇ. بۇنداق بىرسىنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغانلارمۇ بۇ تۈردىكى خاتالىقلارنى دەرھال ھىس قىلىشىپ، بۇ يولدىن ئايرىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئادەم ئىشەنگەن نەرسىلىرىگىلا ئۆزىنى پىدا قىلالايدۇ. بۇ جەرياندا يېتەكچى بولغان كىشىمۇ ئۆزىگە ئەگەشكەنلەردىن ئىنتايىن ئاددى تەلەپلەردە بولۇشقا باشلايدۇ.

ئەگەر يىتەكچى بولغان كىشىنىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىققىنىدا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئامال قىلىپ باشقا بىرسىلىرىگە ئارتىپ قوتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. ھەتتا قىلغان ھەر بىر ئىشىنى توغرا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك قىلىشتىنمۇ باش تارتماس ھالغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق بىرسى ئۆزىنىڭ داھىلىق سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، ھىلىگەر بىر سىياسەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر بۇنداق بىرسىنى خەلق بىلمەستىن ۋەكىل قىلىپ سايلاپ ئالىي قۇرۇلتايغا كىرگۈزۈپ قويغان بولسا، ئۇ كىشى قۇرۇلتايغا كىرگەن كۈنىدىن باشلاپ قولىدىكى `سېھىرلىك قاينام چۆگۈن` نى تارتتۇرۇپ قويماسلىقتىن باشقا ھېچ نىمىنى ئويلىمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆز شەخسى مەنپەتى ۋە بالا-چاقىسىنىڭ راھەت تۇرمۇشىنىلا ئويلايدىغان بولىدۇ. راھەت تۇرمۇشنى دەپ قۇرۇلتايغا كىرىپ قالغان كىشىلەر ئۈنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم رىقابەتچى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ كىشى دۈچ كېلىدىغان ھەر بىر ھەرىكەتتە، ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرگەن ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ.

مەن ئۆز-ئۆزەمگە بۇندىن كېيىن بۇ تۈردىكى پارلامېنت `ھەسەنشىرىكلىرى` نى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى چوقۇم خەلقى ئالەم ئالدىدا سېپىستىۋىتىشكە تىرىشىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم. شۇڭا، بۇ ھەقتە كېيىن يەنە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

مەن نۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى، ئوتتۇز ياشقا قەدەم قويىۋاتقان بىرسىگە نىسبەتەن ئالغاندا پۈتۈن ئۆمۈرى بويىچە ئۆگىنىپ تۈگىتەلمىگىدەك بىلىملەرنىڭ بارلىقى مۇقەررەر. ئەمما بۇ بىلىملەر كەلگۈسىدە ئۈنىڭ شۇ يېشىغا كەلگىچە تىكلىگەن ئىدىيىسى ئۈچۈن بىر تولۇقلىغۇچى، مۇكەممەللەشتۈرگۈچى قوشۇمچە رولنى ئويناش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. يەنى، ئادەمنىڭ ئوتتۇز ياشتىن كېيىن ئۆگىنىدىغان بىلىملىرى ئۈنىڭ بۇرۇنقى تۈپكى پىرىنسىپلىرىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ ياكى بۇرۇن تىكلىگەن قاراشلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئەنە شۇنداق بىرسىنىڭ كەيىندىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان تەرەپتارلارمۇ داھىسىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇتامى يوق كۆزقاراشلىرى ئىچىدە تىگىرقاپ ياكى مىگىسىنى بۇلغاپ يۈرۈشتىنمۇ ساقلىنالايدۇ. ئەگەر بىرەر داھىنىڭ تۈپكى چۈشەنچلىرى باشتىن ئاخىرى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا يېڭى بىلىملەر بىلەن كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىپ بارغىنىدا، ئۈنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۆز داھىسىغا زور ئىشەنچ باغلاپ، ئۈنىڭغا قەتئىي ئەگىشىپ ماڭىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئۈنىڭ كېيىن تولۇقلاپ بارغان بىلىملىرى ئۈنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە داھىسىنىڭ پىكىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلىق رولىنىمۇ ئوينىيالايدۇ.

ئەگەر، بىرەر يىتەكچى ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى ئۈچۈن...

ئەگەر، بىرەر يىتەكچى ئۆز ئىتقاتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، ئۇز ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى بۇ خاتا ئەقىدىسىنى تۈزىتىشكە مەجبۇر بولغىنىدا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇلتۇرماي سياسىي پائالىيەتلەردىكى يىتەكچىلىك ئورنىنى بوشىتىپ دەرھال چەتكە چىقىشى لازىم. چۈنكى، ئىنتايىن مۇھىم بولغان پىرىنسىپال مەسىلىلەردە بىرەر قېتىم خاتالاشقان بىرسى كەلگۈسىدە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ بولغان بىرسىدۇر. بۇنداق بىر كىشى خاتالىقنى تۈزەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ خەلقتىن ئۇنىڭ بۇ ئورۇندا داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانغا ھېچقانداق ھەققى يوق.
بۈگۈنكى كۈندە خاتالىقنى تونۇپ ئورۇن بوشىتىشقا جاسارەت قىلالايدىغان كىشىلەر بەكلا ئازىيىپ كەتتى.
بۇ ئەھۋال، ئۆزلىرىنىڭ سياسىي سەھنىدە ئولتۇرۇشقا تولۇق ھەققىم بار دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ نەقەدەر پەسكەش ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرستىپ بېرىدۇ.
ئويلاپ كۆرەيلى، ئەنە شۇنداق پەسكەشلەر ئارىسىدا خەلققە پايدىلىق ئىقتىدارلىق بىرەرسى تېپىلارمۇ؟ ئەپسۇسكى ئۇنداق كىشىلەردىن رەھبەر بولۇپ سايلىنىدىغانلار يەنىلا كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەنمۇ سياسىي ئىشلارغا ئۆزەمنى ئۇرۇپ كەلگەندەك قىلساممۇ، سياسەتكە بەك چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئۆزەمنى تونۇتماسلىققا تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدىم. مەن پەقەت سياسىي مەسىلىلەردە مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىلا ئۆز ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمەكتە ئىدىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنى قانداق قىلىپ قايىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇلغانغان ئەمما ساددا قەلبلىرىگە قانداق قىلىپ تەسىر كۆرسىتىشكە بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق كىشىلەرگە قانداق خىتاپ قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىنىشكە تىرىشاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي پۈتۈن ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ھەر تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئۆگىنىپ سياسىي سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدىم. بۇنداق بىر ئۆگىنىش ئۈچۈن پۈتكۈل نېمىس مۇھىتى ئىچىدە ۋېيىنادىنمۇ مۇۋاپىق باشقا بىر يەر تېپىلمايتتى.

## 1848-يىل ئىنقىلابى

ئۇ ۋاقىتلاردا، پروسسىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بىلەن ھامبۇرگ، بالتىق بويلىرى قاتارلىق جايلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئەينى ۋاقىتىدىكى گېرمانىيىگە قارىغاندا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تۇنا مونارخىيىسىدىكى سياسىي ۋەزىيەت كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى.
ئاۋۇسترىيىدىكى نېمىس ئاملى بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىلا مۇھىم رول ئويناپ قالغان بولماي، يەنە سۇنئىي بىر ئورگان بولغان ھابسبۇرگ ئىمپىرىيىسىنى ئەسىرلەر بويىچە ساقلاپ كەلگەن مەنئۇيي كۈچ بولۇش

رولىنىمۇ ئويناپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ نېمىس ئاملى بۇ دۆلەتنىڭ ئۇزۇن يىللار بويىچە مەۋجۇت بولىشى ۋە تەغدىرى ئۈچۈنمۇ ئىجابىي رول ئوينايدىغان ئىمپىرىيىنىڭ مېغىزى بولۇش ئىمكانىنىمۇ يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئەگەر تارىختىن بۇيان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ئاتىدىن ئوغلىغا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەللەردە، بۇ خىل ۋارىسلىق تۈزۈمى ئىمپىرىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى بىلەن ئۇنىڭ ھاكىمىيەت سىياستى ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە ساپ قان بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان يۈرەك بولۇش رولىنى ئويناپ كەلگەن دەپ قارالغىنىدا، ئاۋۇستىريە ئىمپىرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋىيېنانى بۇ ئىمپىرىيىنىڭ مىڭىسى دېيىشكە بولاتتى.

ۋىيېنانىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىنى تاج كەيدۈرۈلگەن مەلىكىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكلەر بىلەن تولغان بىر ھەرىمگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشلەر ۋىيېناغا ھەرخىل ئىرقلارنى بىر مەركەز ئاستىدا باشقۇرۇش ئىمكانىنى بەرگەن ئىدى. بۇ شەھەر، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكلىرى بىلەن بۇ ئىمپىرىيىنىڭ زاۋاللىقا يۈز تۇتقان قىياپىتىنى يوشۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاۋۇستىريە ئىمپىرىيىسى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزئارا قانلىق جىدەللەر ئىچىگە پېتىپ، ئىمپىرىيىنى كونسايىن زەئىپلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، باشقا دۆلەتلەر، بولۇپمۇ گېرمانىيە، ئاۋۇستىريە ئىمپىرىيىسىنى ۋىيېنانىڭ گۈزەللىكلىرىگە ئوخشاش گۈللەنگەن، بارغانسىرى مۇستەھكەملىنىپ بېرىۋاتقان ھەشەمەتلىك بىر ئىمپىرىيە دەپ تونۇپ كەلمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا ۋىيېنا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زور يۈكسىلىش دەۋرىنى ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ بۇ ئىمپىرىيىگە ئەنە شۇنداق ھەيران بولىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. يەنى، ئۇ يىللاردا ئىقتىدارلىق بىر داھىي سۈپەت شەھەر باشلىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە زاۋاللىقا يۈز تۇتقان بۇ قېرى تۇنا مونارخىيىسىدىكى ئىمپىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پايتەختى كۆزلەرنى چاقناتقىدەك جانلانغان بىر دەۋرىنى ياشاۋاتقان ئىدى.

نېمىس ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ شەرقىي نېمىس چېگرالىرىنى تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ نېمىس، نىمىشقىدۇ بۇ ئىمپىرىيە تەۋەسىدە رەسمىي بىر دۆلەت رەھبىرى دەپ تونۇلماي كېلىنگەن ئىدى. ھالبۇكى، ئەنە شۇ خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان دوكتور لۇېگېر ئىمپىرىيە پايتەختىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن ساھەلەر بويىچە ئىنتايىن ئۇتۇغلۇق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىدى، دوكتور لۇېگېر ئىقتىسادىي ساھەدە، گۈزەل سەنئەتلەر ساھەلىرىدە ئالاھىدە زور ئۇتۇغلارنى قولغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. دوكتور لۇېگېر ئۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرلۇقتا يۈرگەن بارلىق سىياسىيونلاردىن ئۈستۈن دۆلەت رەھبىرى ئىكەنلىكىنى شۇنچە كۆپ توسالغۇلارنىڭ بولىشىغا قارىماي، ئىنتايىن جاپالىق كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى.

گەرچە بۇ ئىمپىرىيە تەۋەسىدە ئاۋۇستىرىيە مىللىتى دەيدىغان بىر ئۇقۇم ئاللىمۇ قاچان بىتچىت بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ شەرقىي نېمىس يۇرتىدا، نېمىسلاردىن چىققان بۇ سىياسىي ئەرباپىنىڭ ئىناۋىتى قىلچە كامايىمىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئون مىليون نوپۇسقا ئىگە مېغىزلىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىدارىغا ھەرقانچە تايىنىمەن دېسىمۇ، ئەللىك مىليونلۇق بىر دۆلەتنى زاۋاللىقتا يۈز تۇتۇشتىن ساقلاپ قالىمەن دېيىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇنداق بىر دۆلەتنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي تۈردە باشقا كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى شەرت ئىدى.

ئاۋۇستىرىيىلىك نېمىسلار ھەقىقەتەنمۇ نەزەر دائىرىسى ۋە قورسىقى كەڭ، زىرەك ۋە ساپىدىل ئىنسانلار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، نېمىس مىللىتى شۇنچە كالاڭپاي بىر ئىمپىرىيە ئورگىنى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تىگىشلىك ئورنىنى ساقلاپ قالالىغان بىر مىللەت ئىدى.

ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن مەجبۇرىيەتلەرنى بىجا كەلتۈرۈشتىنمۇ ھەرگىز قاچمايتتى. ئۇلار ئىمپىراتور ئوردىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن شۇنچە تار دائىرىلىك ئىمكانىيەتلەرگە قارىماي، ھەر دائىم پۈتكۈل ئاۋۇستىرىيە ئىمپىرىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەرىكەت قىلىشاتتى. تەلەي، ئۇلارنى نېمىس ۋەتىنىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەجداتلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈن تارىخىي جەريان ئىچىدە قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق شەرقىي چېگرا بويلىرىدىن يۇلۇپ ئالغان بۇ تۇپراقلاردا نېمىسلىكنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك بىر ۋەزىپىسى دەپ تونۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر نېمىس ھەرقانچە ئېغىر كۈلپەتلەرگە قېلىشىدىن قەتئىي نەزەر پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ئاۋۇستىرىيىلىك نېمىسلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ نېمىس مىللىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇپ كەلگەچكە، بىر قىسىم نېمىسلار ئورتاق بىر ئاۋۇستىرىيە قۇرۇش دەيدىغان بۇ غايە ئۈچۈن ھېچقاچان ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش نىيىتىگە كېلىپ باققانمۇ ئەمەس.

ئۇلارنىڭ ئىلغار، بىلىملىك كىشىلىرى ھېچقاچان بۇنداق ئورتاق بىر دۆلەتنى چىن كۆڭلىدىن خالىغان ئەمەس. ئەمما خېلى كۆپ نېمىسلار بۇنى چۈشەنمەيتتى. بۇ نوقتىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنىڭغا قارىماي ئاۋۇستىرىيىنى نېمىسلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئاۋۇستىرىيىلىك نېمىسلار پۈتكۈل ئىمپىرىيە تەۋەسىدە بۇ ئىمپىرىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىگىلىك ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستلىرىگە ئالغان ئىدى.

بۇ دۆلەت تەۋەسىدىكى مۇھىم بولغان بارلىق لايىھەلەر ئاساسەن بۇ نېمىسلار تەرىپىدىن پىلانلىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق مەسئۇل كادىرلار، تېخنىك كادىرلار ۋە باشقا بارلىق كادىر خىزمەتچىلەرنىڭ

مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يەنە شۇ نېمىسلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ئەمما تاشقى سودا ئاساسەن ئالغاندا يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا دېيىشكە بولاتتى. بۇ ساھەدىكى يەھۇدىيلار قول سالمىغان ئىشلار ئاساسەن نېمىسلار تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا، دۆلەت پۈتۈنلەي دېگىدەك نېمىس كۈچىگە تايىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ نېمىسلار ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئەسكەر بولۇپ تۇغۇلغان يۇرتلىرىدىن يىراق ماكانلارغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيتتى. بۇ نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى نېمىس پولكلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيتتى. بۇ پولكلار ۋېيىنا ياكى گالىچيە قاتارلىق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەش بىلەنلا قالماي، تا ھەرسەكلەرگىچە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە مەجبور ئىدى. پولكتىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شتاپلاردىكى ئوفىتسېرلارغا ئوخشاش نېمىسلاردىن تەشكىل تاپاتتى.

بۇ دۆلەتتىكى گۈزەل سەنئەتلەر بىلەن ئىلىم-پەن ئىشلىرىمۇ نېمىسلارغا تەۋە ئىشلار ئىدى. ئەمما زامانىۋىي سەنئەت دەپ ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان ساھەدىكى سەنئەتچى-ئارتىسلار ئىچىدە نېمىسلار يوق ئىدى. ئەسلىدە بۇنداق ساختا سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىرەر زەڭگىمۇ چىقىرالايدىغان ئاددى نەرسىلەر ئىدى. ھەقىقىي سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىش ئىلھامى يەنىلا نېمىسلارغا خاس بىر ئىش ئىدى. نېمىس ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋېيىنا، گۈزەل سەنئەت ساھەلىرى بويىچە، يەنى مۇزىكا، بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق تارماقلىرى بويىچە پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ، ئاۋۇسترو-ۋېنگىر دەپ ئاتالغان تۈنا مۇنارخىيسىنىڭ سەنئەتكە بولغان تەلۋىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر مەنبە ئىدى.

## خاتىمە

يۇقىرىدىكى قۇرلار بولسا ئادولف گىتلېر :< كۈرەشلىرىم>ناملىق رومانىدىن ئېلىنغان تېكىستلەر بولۇپ،مىنىڭچە بولغاندا:

يوقالمايمەن دەپ قەيت قىلغان كۈچ ئاجىز ئەمەس، بەلكى قۇدرەتلىك كۈچ!

ئارزۇلار بولىدىكەن ئارزۇلار ئۆچۈن كۆرەش قىلىدىغان جاسارەت،ئارزۇلارنى يېتەكلەيدىغان ئەقىل،ئارزۇلارنى ھىمايە قىلىدىغان ئەخلاق بولسىلام،ئارزۇلار ساپ سەممىي بولسىلا بۇنداق ئارزۇلارچۇقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.بۇنىڭ ئەكسىچە مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ كۆچىگە تايىنىپ،ساقچى كۆچلىرىنىڭ قوغدىشىغا تايىنىپ نۇقۇل ئىدولوگىيىلىك يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنىڭ بېسىم كۆچىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدىغان فاشىزىمچى ئارزۇلارمۇ بولىدۇ.

گىتلېرنىڭ ئارزۇسى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ ۋاقىتلىق ئەمەلگە ئاشقاندائارزۇ بولۇپ بۇ تارىخقا لەنەتگەردە بولۇپ

يېزىلغان ئىدى.

بۇ تىپىك ئارزۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېرىشىشى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇزاق مۇساپىللىرىدا ۋاقىتلىق ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ بولۇپ قالدى،تارىخنىڭ قانۇنىيەتلىك ئېقىمى ساپ سەممىي ئازرۇلارنى ۋە شۇندىق ئارزۇلارنى كۆكلىگە پۈتكەن ساپ سەممىي مىلەتلەردەپ تالايدۇ ۋە ئەكسىچە بولغاندا شالايدۇ.

ئېقىمغا قارشى ماڭغان گىتلېرنى شاللىۋەتكەن تارىخ.

تارىخى تەرەققىياتىنىڭ توغرا تەرەپىدا تۇرماي، تارىخى تەرەققىياتىنىڭ قارشى ئېقىندا تۇرغان گىتلېر فاشىسست سىياسىيەت بەلگىلىگەن.

مىنىڭ ئارزۇيۇم تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئارزۇ،تەلەپچان ھەم كۆرەشچان ئارزۇ.

2006_يىلى _1 ئاينىڭ_9 كۈنى.

| | |
|---|---|
| 文件名: | Gitlir |
| 目录: | D:\我的文档 |
| 模板: | C:\Documents and Settings\Administrator\Application Data\Microsoft\Templates\Normal.dotm |
| 标题: | |
| 主题: | |
| 作者: | Administrator |
| 关键词: | |
| 备注: | |
| 创建日期: | 2009-1-20 22:51:00 |
| 修订号: | 13 |
| 上次保存日期: | 2009-1-22 9:59:00 |
| 上次保存者: | Administrator |
| 编辑时间总计: | 258 分钟 |
| 上次打印时间: | 2009-1-22 10:01:00 |
| 打印最终结果 | |
| 页数: | 19 |
| 字数: | 5,732 (约) |
| 字符数: | 32,676 (约) |